# سىلەرگە پەقەت ئاجىزلىرىڭلار سەۋەبلىك ياردەم ۋە رىزىق بېرىلىدۇ

سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە پەقەت ئاجىزلىرىڭلار سەۋەبلىك ياردەم ۋە رىزىق بېرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇد دەردا ئۇۋەيمىر رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مېنى ئاجىز كىشىلەر ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاجىزلىرىڭلار سەۋەبلىك ياردەم ۋە رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [ترمىزىي"سۈنەن ترمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق]

بۇ ئىككى ھەدىس ئاجىزلار ئۈممەتنىڭ غەلبە قىلىشى ۋە رىزىققا ئېرىششىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئىنسان ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن ئۇلارغا بەرسە بۇ ئىش دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ۋە رىزىققا ئېرىششىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ رەببى ئۈچۈن سەرپ قىلغان نەرسىسىنى تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «(ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر» سەبەئ سۈرىسى 39-ئايەت، يەنى: ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3367

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee